# كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملەش

## —— 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، قەلبلەرگە سىڭدۈردى، پۇختا قىلدى —— پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم بايانى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى دەل ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگەندى...

دائىملاشقان ئۆگىنىش مېخانىزمى ئورنىتىش ئارقىلىق، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ۋە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى تولۇق قاپلىغان مەركەزلەشتۈرۈپ نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارغا پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇردى.

نەزەرىيە لېكسىيەسىنى قەلبلەرگە چوڭقۇر سىڭدۈردى —— پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چۆرىدەپ، لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن لېكسىيە سۆزلىدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار 238 مىڭ مەيداندىن ئارتۇق تۈرلۈك لېكسىيەنى قانات يايدۇردى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ قىزغىن دولقۇنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى.

«3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ يىل بىز يەنە ئورگانىك چىلاننى داۋاملىق ياخشى ئۆستۈرىمىز...» 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چەرچەن ناھىيەسى توغراقلىق يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋزىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن لۈشۈي لېكسىيە دەرسخانىسىنى كەنت ئاھالىسىنىڭ چىلانلىقىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن يىغىن روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى، بۇنى كەنت ئاھالىلىرى بەس ـ بەستە ئالقىشلىدى.

ھەربىر مەيدان لېكسىيە دوكلاتى گۇمانىنى تۈگىتىپ، تۈگۈننى يەشتى، نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارتىسلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى، نەزەرىيە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تونۇلغان ئاساسىي قاتلام لېكسىيەچىلىرى ئۆز كاراMETنى كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى «ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزدى».

نەزەرىيە تەشۋىقاتىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ چوڭقۇرلاشتۇردى —— «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالىنى تەشكىللەپ تۈزۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ئوقۇشلۇقىدىن 1 مىليون 490 مىڭنى تارقىتىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تۆت خىل يېزىقتا ئاممىنىڭ يانچۇق كىتابچىسىدىن 3 مىليون 900 مىڭنى تارقىتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

«كىچىككىنە ئوقۇشلۇقنىڭ مەزمۇنى ئىخچام بولۇپ، سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلۈپتۇ، ئاسان ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىكەنمىز، يانچۇقىمىزغا سېلىۋالساق، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆگىنەلەيدىكەنمىز» دېدى باي ناھىيەسى كانچى يېزىسى قۇرما كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەلى نىياز تارقىتىلغان «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش(ئامما ئوقۇشلۇقى)»نى قولىغا ئالغاندىن كېيىن.

پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىشتىكى تور باشلامچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتتى»نىڭ شىنجاڭ سۇپىسى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىق ھالدا ھەر كۈنى چوقۇم ئۆگىنىشتە چىڭ تۇردى، قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر كۈچى سىجىل كېڭەيدى. ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە ساھەسى «توردا +» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسى ئىلمىي يىللىق يىغىنى، ياش ئالىملار مۇنبىرى ئۆتكۈزۈپ، «كېپىنەكى دولقۇن»نى سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ئېتىقادنىڭ كۈچىنى ياشلار ئارىسىدا ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق ساداغا ئايلاندۇردى.

### چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا بىۋاسىتە يۈزلىنىش دەۋر ساداسىنى خاتىرىلەش

چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا تەشۋىقات كۈچ دېمەكتۇر.

بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بايراقنى كۆتۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئوبرازنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئاساسىي مېلودىيەنى تېخىمۇ ياڭراتتى، ئاكتىپ كۈچنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى.

—— دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى نامايان قىلدى.

«بۇ مۇزتاغ چوققىسىنىڭ قار سۈيى، تاتلىق!» 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى قوشتوغراق كەنتىدە، 71 ياشلىق بوۋاي يارمەمەت ياسىن ئىستاكاندىكى پاكىز سۇنى تېتىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇنىڭ تاتلىق تەمى يۈرىكىمىزگە ياقتى، تىلىمىزدا قالدى.

«قىرتاق، تۇزلۇق سۇ»دىن ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە بولغان جەريان قانداق ئورۇندالدى؟ شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى، بۇنىڭ ئارقىسىدا قانداق ھېكايىلەر بار؟ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش»نىڭ مەزمۇت قەدەم ساداسىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى» «ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى» بويىچە نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە مەركەزلىك زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تېلېكامېرا ۋە قەلەم بىلەن ئۇلۇغ دەۋرنى خاتىرىلەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالاقىدار خەۋەردىن 25 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئەتراپىمىزدىكى بىر ـ بىردىن يېقىملىق، قەدىرلىك، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تىپلار نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي ھالدا قەرەللىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى مۇجەسسەملىدى.

—— دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چۆرىدەپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇردى.

2020 ـ يىلى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن سىنىقى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنى يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلدى.

ئەخلاق، ھەققانىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن ساداقىتىنى تاۋلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپىگە ئاساسەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، قەلبنى ئىللىتىش، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەشتەك ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇردى؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش تەشۋىقات ئاسما رەسىمى ۋە قوللانمىسىدىن 3 مىليون 259 مىڭ پارچە(قىسىم)دىن كۆپرەكنى ئىشلەپ بېسىپ تارقاتتى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىكى بىر تۈركۈم نۇقتىلىق خەۋەرلەر، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قەھرىمانلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا قارىماي قارشى يۈزلىنىشتە ئىلگىرىلەشتەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بەردى.

—— يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇردى، جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتتى.

دىققەتنى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى، شەرھلىدى، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك ئاخبارات تاراتقۇلىرى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتىكى تەدبىرلىرى ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئالغا سىلجىتىشتىكى جانلىق ئەمەلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە نامايان قىلدى.

زاۋۇت ـ سېخلارغا، يېزىلاردىكى ئېتىز بېشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىقتىسادنى تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى خەۋەر قىلدى... ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى تۈركۈمدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى تاراتقۇلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ئاخبارات تاراتقۇلىرىنى مەركەزلىك زىيارەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق تاراتقۇلار مەخسۇس ئىستون تەسىس قىلىپ، يۈرۈشلۈك خەۋەر، ئوبزورچى ماقالىسى ۋە «13 ـ بەش يىل»دىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر توغرىسىدا زىيارەت قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش ئىشەنچى ۋە غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى.

—— ئىدېئولوگىيەنى پۇختا تۇتتى، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلىدى.

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلىدى، ئانار بۇلۇت، تيانشان تورى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشنى نامايان قىلىدىغان جانلىق ھېكايىلەرنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

### كەيپىيات ئارقىلىق كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى ئادەمگە خىزمەت ئىشلەيدىغان خىزمەت. بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى كىشىلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ قەلبلەرنى مۇجەسسەملەشنى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، تەربىيەلەش ـ يېتەكلەش ئارقىلىق، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يېڭى مۇساپىگە قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

بۇ بىر يىلدا، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكلەش رولى تېخىمۇ گەۋدىلەندى ——

2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دۆلەت بايرىمى بىلەن جۇڭچيۇ بىللە كېلىپ، بىر مەيدان «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش» تېمىسىدىكى جەلپكار چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىنىڭ كېچە ئاسمىنىنى يورۇتتى، «ئائىلە دۆلەت جەم بولۇپ، ۋەتەنگە بەخت تىلەش» «قۇتلۇق كۈن، ئايدىڭ كېچە، ئەل ئامان» دېگەن خەتلەر توختىماي چاقناپ، تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان تىلىكىنى ئىپادىلىدى.

«يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقى قاتارلىق مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنلىرىنى چۆرىدەپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى.

«دۆلەت بايرىمىدا يېڭى ئۆرپ ـ ئادەتنى تەشەببۇس قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيىتى ھەپتىلىكى بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، قاتناشقان ئاما 9 مىليون 946 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، «مېنىڭ ۋەتىنىم» ناملىق كۆيشەن سىننىڭ توردا كۆرۈلۈش قېتىم سانى 28 مىليون قېتىمدىن ئېشىپ، سەممىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى تيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

بۇ بىر يىلدا، مەدەنىيلىك يېڭى ئىستىلى ئەۋج ئالدى ——

ھازىر دەل ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىشلىق تەتىل مەزگىلى، كۇچا شەھىرى رەستە كوچىسى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پونكىتى نۇرغۇن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى جەلپ قىلدى. «بۇ يەردە كۇتۇپخانا، ھۆسنخەت، رەسىم سىزىش ئۆيى بار، مەن ھەر كۈنى كېلىپ كىتاب ئوقۇپ خەت يازىمەن، بىلىمگەنلىرىمنى پېدائىي ئاكا ـ ھەدىلەر چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ» دېدى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان دىلنەفىس ئابلاجان.

نەزەرىيە تەشۋىقاتى، پېدائىيلار مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەشەببۇس قىلىندى... بۇلتۇردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى سىن يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مۇلازىمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

مەدەنىيلىك گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ مول مېۋە بەردى، قەلبداشلىق ئەتراپنى گۈزەللىككە تولدۇردى. «يېڭى دەۋردىكى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى يېتەكچى قىلىپ، تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، 200 ئورۇن ۋە شەخس پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى يۈرۈشلۈك بەرپا قىلىشتا، تەقدىرلەش، نام بېرىش شەرىپىگە ئېرىشتى. «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» «جۇڭگودىكى ياخشى ئادەم» قاتارلىق تىپىك ئىش ئىزلارنى ئىستېرېئولۇق خەۋەر قىلىپ، قۇربان نىياز، لىۇ مىڭتىڭ، لاچىن بايەكە قاتارلىق ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئاددىي ئىشلىرىنى ھەممىگە تونۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

بۇ بىر يىلدا، ئانار گۈلى ئۆزگىچە قىزىل ئېچىلدى ——

تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، تىپىك ئىش ئىزلارنى يارقىن خەۋەر قىلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىدە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بېرىش ـ كېلىش قىلىشۋاتقانلىقى، سىڭىشىپ بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقىدەك ئىللىق كۆرۈنۈشلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بۇ بىر يىلدا، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش كىشىلەر قەلبىگە سىڭدى ——

ھەر ھەپتىنىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 20دە، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى (يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى) سەنپىك يولى كوچىسى ۋۇشىن مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەر بەس ـ بەستە تورغا چىقىپ، مەھەللە ئۆتكۈزگەن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت دەرسخانىسى»دا كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلايدۇ. بۇ دەرسخانىدا، كۆپچىلىك ئۆيىدىن چىقمايلا قەغەز قىيما، لېنپۇ رەسىمى سىزىش قاتارلىق 100دىن ئارتۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت تۈرىدىكى ماھارەتنى ئۆگىنەلەيدۇ، بۇ، ئاھالىلەرنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ، ھەرقايسى جايلارنىڭ شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۇن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش داۋامىدا جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىگەنلىكىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپى شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش، تەتقىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەدەبىي ئاخبارات «خۇڭشاخې» قاتارلىق ئاممىنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن بىر تۈركۈم نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىنى تىرىشىپ بەرپا قىلدى.

ناھىيە دەرىجىلىك 74 كۇتۇپخانىنىڭ 723 تارماق كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى؛ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتى (ئۆيى) ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئائىلىلەرگە 8 مىليون 930 مىڭ پارچە كۆپ خىل يېزىقتىكى تەشۋىقات بۇيۇمى يەتكۈزۈپ بېرىلدى؛ «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز» —— مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى ۋاستە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۇرت ـ ئۆمەكلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ 7700 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق ئويۇن قويىدى... مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار قۇرۇلۇشلار ئاممىنىڭ قەلب ئېتىزىنى سۇغاردى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپى دەۋر يۈكلىگەن بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«نۆۋەتتە، ھەر كۈنى چېگرادىن كىرىدىغان ـ چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز 14كە يېتىپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنىڭ كەلگەن ھامان يولغا سېلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئالاتاۋ ۋوگزالى يۈرۈشتۈرۈش سېخىنىڭ مۇدىرى سۈن دېجىلىڭ.

ئالاتاۋ ۋوگزالى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنى توشۇشقا يېشىل يول ئېچىپ، تارقاق ۋاگونلارنى بىرلەشتۈرۈش، ۋاگون قوشۇش شەكلىنى قوللىنىپ، مالنىڭ توشۇلۇش يۆنىلىشىگە ئاساسەن، يېقىن ئەتراپتىكى ئوخشاش يۆنىلىشلىك جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلاپ چېگرادىن چىقىرىپ، مالنىڭ ساقلاپ تۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتتى. ۋوگزال يەنە قازاقىستان تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن ئالدىن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرىنى توشۇشتا «ئالدىن قاچىلاش، ئالدىن بىلەت چىقىرىش، ئالدىن يولغا سېلىش» قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، مالنىڭ ئايلىنىش دەۋرىيلىكى ۋە تاموژنىدىن ئۆتۈش ۋاقتىنى قىسقارتتى.

ئىگىلىنىشچە، ئالاتاۋ پورتىدىكى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرى ئاساسلىقى ئويۇنچۇق، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق كۈندىلىك تۈرلۈك تاۋارلار بولۇپ، ماللار ئالاتاۋ پورتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ پولشا، بېلگىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە توشۇلىدىكەن، ئومۇمىي مۇساپىگە پەقەت 15 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)